ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيۈش، تارىخنى بىلىپ دۆلەتنى سۆيۈش، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىدىن ئالغا ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوبۇل قىلىش

—— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىشنى پارتىيەنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنىڭ مۇھىم يولى قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، يېتەكلەپ، تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيۈش، تارىخنى بىلىپ دۆلەتنى سۆيۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى، جاسارەت بىلەن دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسىنى يېتىلدۈرۈپ، ئەسلى مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىشتىكى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى.

## ھەقىقىي ئۆگىنىش، چوڭقۇر ئۆگىنىش مەنىۋى كۈچ قوبۇل قىلىش

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ھەقىقىي ئۆگىنىش، چوڭقۇر ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەركەزلىك ئۆگىنىش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئۆزلۈكىدىن بىلىم ئاشۇرۇش، مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىشنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، «شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىش، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزلىرى، ماقالىلىرىدىكى پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىغا ئالاقىدار مۇھىم بايانلارنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەنىۋى كۈچ قوبۇل قىلىپ، تارىخىي تەپەككۇردىن پايدىلىنىپ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى چۈشىنىش ۋە چىڭ ساقلاشنى ئۆگىنىۋېلىشقا ئەستايىدىل تەشكىللىدى، يېتەكلىدى.

«بىز چوقۇم پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىش سالمىقىنى زورايتىپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆبىسى)نىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ليۇ جۈەنشەن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆبىسى) پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىشنى دەل ۋاقتىدا كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كىرگۈزدى، نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىشى ۋە ھەرقايسى ياچېيكىلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر ئۆگىنىش مەزمۇنىغا كىرگۈزدى ھەم مۇشۇ ئاساستا، يېڭى جۇڭگو تارىخىنىڭ كادىرلار قىسقىچە ئوقۇشلۇقىنى تۈزۈپ، مەكتەپ(شۆبە) رەھبەرلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىگە بېسىپ تارقىتىپ بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تور بىخەتەرلىكى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى تارىخىي تەپەككۇر يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر» قاتارلىق ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىپ، ھەرقايسى پارتىيە ياچېيكىلىرىغا تارقىتىپ بەردى، ھەربىر پارتىيە ئەزاسى - كادىرغا «يېڭى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا يۈزتۇرا نەزەر»نى تارقىتىپ بەردى، ئۆگىنىش سەممىي ئەسكەرتمىسى ۋە ئۆگىنىش تىزىملىكى تۈزۈپ، پارتىيە تارىخى ئۆگىنىش، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىشنى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ مۇھىم ئۆگىنىش مۇندەرىجىسى قىلىپ، پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىش، ئۆلگە بولۇشتا چىڭ تۇردى، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار كوللېكتىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ ھەمبەھىرلىنىپ ئۆگىنىشكە قاتنىشىش ھەم تۈرلۈك بايلىقلاردىن پائال پايدىلىنىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى قانات يايدۇردى.

پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ئارقىلىق شىنجاڭ داشۆ سىياسەت ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇ جۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، يېڭى جۇڭگونىڭ ئۇلۇغلۇقىنى يەنىمۇ تولۇق تونۇدى. «بىر پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ ھەربىر ئۆسۈپ يېتىلىش قەدىمىم ۋەتەننىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئوخشاش يۆنىلىشتە تەڭ تاشلاندى» دېدى خۇ جۇ.

## گېنىغا ۋارىسلىق قىلىش غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىش

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار بىر تەرەپتىن پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىشنى تەشكىللىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆگىنىش بىلەن تەربىيەلەشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇردى، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار پارتىيەمىزنىڭ ئىلغار سىياسىي خۇسۇسىيىتى، ئالىيجاناب سىياسىي غايىسى، يۈكسەك سىياسىي ئىنتىلىشى، پاك سىياسىي پەزىلىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇپ، قىزىل گېنىغا يەنىمۇ ۋارىسلىق قىلىپ، غايە - ئېتىقادنى چىڭىتتى.

پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىشتە، ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى نۇقتىلىق ھالدا كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان دىققەت نۇقتىسى مەسىلىلىرى، چۈشىنىش، ئىگىلەشتىكى قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى قاتارلىقلارغا قارىتا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، دېھقانلار كەچلىك كۇرسى، دۈشەنبە كۈنىدىكى دۆلەت بايرىقى چىقىرىش، ئائىلىلەرگە كىرىپ ئەھۋال ئىگىلەش قاتارلىق سورۇنلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنىڭ نۇقتىلىق مەزمۇنلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تەشكىللىدى، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىپ كاللىسىغا، قەلبىگە سىڭدۈرۈش بىلەن بىللە، قوشماقلاشقان تۇغقانلىرىنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىشنى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ۋە ئاممىنى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا پائال تەشكىللەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، 32 مىڭ 200 ئادەم قېتىمغا ئىنقىلابىي ئىدىيەۋى تاۋلىنىشنى قوبۇل قىلدۇردى؛ «ئەسلى مەقسەتنى ساقلاش، چېگرا مۇداپىئەسىنى زىيارەت قىلىش، قەسەم سۆزىنى ئەسلەش» قاتارلىق مەخسۇس تېما تەربىيەسى بىلەن يۇغۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ غايە - ئېتىقادىنى يەنىمۇ چىڭىتتى.

نۆۋەتتە، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلار، ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)لەر پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئاقسۇ خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارى، 359 - لۈي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش خاتىرە سارىيى قاتارلىق قىزىل بايلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىنقىلابىي ھېكايىلەرنى ئاڭلاش، قىزىل بازىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق قىزىل تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى تىرىشىپ غايە - ئېتىقادنىڭ مۇستەھكەم ئېتىقادچىلىرى، سىياسىيغا سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلەر، چېگرا رايوندا يىلتىز تارتقان يول ئاچقۇچىلار، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان تىرىشچانلار، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئالىدىغان كۆرەشچىلەردىن بولۇشقا يېتەكلىدى.

## بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى كۈچەيتىش

پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تارىخىي مۇھىم ۋەزىپىنى دادىل زىممىسىگە ئالدى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ئارقىلىق، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىز قەيەردىن كەلدۇق، قەيەرگە بارىمىز دېگەننى ئېنىق بىلدى، بىز قانداق يولنى بېسىپ ئۆتتۇق، ئەمدى قانداق يولدا ماڭىمىز دېگەننى چوڭقۇر تونۇدى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتتى.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ مالىيە داشۆسى پارتكومى پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىش جەريانىدا، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلەشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، «ئىدىيەۋى - سىياسىي دەرس»تىن «دەرس ئىدىيەۋى - سىياسىي بولۇش»قا ئۆزگىرىشنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتىلغان ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيەنىڭ قاراتمىلىقى، ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۈچەيتتى.

قومۇل شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچقا بولغان تونۇش ۋە چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيۈش، تارىخنى بىلىپ دۆلەتنى سۆيۈش، تارىخنى بىلىپ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەۋىلىك چېنىقىش ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئاڭلىق ھالدا سىياسىيدا زېرەك لاياقەتلىك پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يۈنمېي، شيا چىڭ، ئىختىيارى مۇخبىرلىرىمىز لۇ نا، لى يافېڭ، ۋاڭ شياۋخۇا)**

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېگىزلىكتىكى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش

—— تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بەلدىر ساقچىخانىسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى نادىربەگ ئاۋازبەگ توغرىسىدا

ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى

□ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

«قىيىنچىلىق بولسا نادىربەگنى ئىزدەڭلار.» بۈگۈنكى كۈندە، بۇ سۆز تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى بەلدىر يېزىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆز بولۇپ قالدى.

## ■ قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش: ئېگىزلىكتە خەلق ساقچىسى بولۇش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىش

ئىلگىرى ئۇدا 14 ئاي چېدىردا يېتىپ - قوپۇپ، چېدىردا ئىش بېجىرىشنى داۋاملاشتۇرغاچقا، نادىربەگنى شۇ يەردىكى ئامما يېقىملىق ھالدا «چېدىر ئاكا» دەپ چاقىرىشىدۇ، «ساقچىخانا مېنىڭ ئۆيۈم، ھەربىر خەلق ساقچىسى مېنىڭ ياخشى قېرىندىشىم، ياخشى سەپدىشىم، بىرلىكتە بەلدىرنى ياخشى ساقلاش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز» دېدى نادىربەگ.

بۇ يىل 46 ياشقا كىرگەن نادىربەگ كىچىكىدىن باشلاپلا پامىر ئېگىزلىكىدە چوڭ بولغان، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ خىزمەت قىلغان. 2006 - يىلى، ئۇ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بەلدىر ساقچىخانىسىغا يۆتكىلىپ، كېيىن ساقچىخانىنىڭ رىبۇت ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان.

2011 - يىلى 6 - ئايدا رىبۇت ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىش بېجىرىش ئورنى بولمىغاچقا، نادىربەگ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىدە ۋاقىتلىق تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، بەزىدە ئاممىنى ئاۋارە قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆي ئىگىلىرى ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تىۋىش چىقارماي ئۆيگە كىرىپ ئارام ئالاتتى. رەھبەرلىكنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى قول سېلىپ پاختا رەختتىن ئاددىي بىر چېدىر تىكىپ، ۋاقىتلىق ئىش بېجىرىش ئورنى قىلدى.

رىبۇت ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ تەۋەلىك رايوندا شۇرغان كۆپ چىقاتتى، كىلىماتى ئىنتايىن ناچار، تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. نادىربەگ كۈندۈزى خىزمەتداشلىرىنى باشلاپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرسا، كېچىسى يەنە چارلاش ئېلىپ باراتتى، ئۇسسىسا قارلىق دالىدا بىر سىقىم قارنى ئاغزىغا سېلىۋالاتتى، ھېرىپ كەتسە مۇزدەك تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئېلىۋالاتتى.

## ■ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ: ئاممىنىڭ ئىشىنىڭ ھەممىسى چوڭ ئىش

ئاممىۋى خىزمەتنى ئىشلەش سەۋرچانلىق ۋە مېھرىبانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. نادىربەگ: ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان كىشى دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن سىرداش بولسا، خىزمەتنى راۋان ئىشلىيەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ، يىلنى يىلغا، كۈننى كۈنگە ئۇلاپ ئەمەلىي خىزمەت قىلىش جەريانىدا، ئۇ ئۆز قەلبىنى دېھقان - چارۋىچى ئاممىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلىدى.

2012 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كەچقۇرۇن، چارۋىچى سالىجان ساۋۇتنىڭ 20 تۇياق قويى يىتىپ كەتتى، جىددىي ئەھۋالدا، سالىجان نادىربەگنى ئىزدەپ تېپىپ دېلو مەلۇم قىلدى. ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، نادىربەگ شۇرغانغا قارىماي شۇ ھامان قويلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئىزدەشكە ماڭدى، ئۈچ سائەتتىن كېيىن، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەن نادىربەگ سالىجاننىڭ قوي پادىسىنى ھەيدەپ قايتىپ كەلدى. بىراق سالىجاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەن چاغدا، جىسمانىي قۇۋۋىتى خوراپ كەتكەنلىكتىن، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى.

سالىجان ۋە قوشنىلىرى نادىربەگنى نۆۋەتلىشىپ يۈدۈپ يېزىلىق شىپاخانىغا ئېلىپ باردى، ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ 40.3 گرادۇسقا چىققانىدى. كېلىشمەسلىك يۈز بېرىشتىن ئەنسىرەپ، يېزىلىق شىپاخانىنىڭ دوختۇرى ئاپتوموبىل تېپىپ، كېچىلەپ 30 كىلومېتىر تاغ يولىنى بېسىپ، نادىربەگنى ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. دوختۇر تەسىرلەنگەن ھالدا: «ھېلىمۇ ياخشى ۋاقتىدا ئەكەپسىلەر، بولمىسا ھاياتىغا خەۋپ يېتەتتى» دېدى.

«مۇشۇنداق ياخشى ساقچىغا ئۇچرىشىمىز بىزنىڭ تەلىيىمىز، مەن ئۇنىڭغا قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن» دېدى سالىجان.

نادىربەگنىڭ كەنت، ئائىلىلەرنى ئارىلاپ يۈرگەن سىماسى كەنت ئاھالىلىرىنى تەسىرلەندۈردى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەر بۇ ساقچى ئىشخانىسىنى «رىبۇت ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسى» دەپ ئاتىماستىن، بەلكى يېقىملىق قىلىپ «نادىربەگ ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسى» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

## ■ ئېتىقاد: يۇرتىمىزنىڭ ئامانلىقىنى ياخشى ساقلىساق، ئائىلىمىزنى ياخشى ساقلىيالايمىز

«يۇرتىمىزنىڭ ئامانلىقىنى ياخشى ساقلىساق، ئائىلىمىزنى ياخشى ساقلىيالايمىز» دېدى نادىربەگ.

تەۋەلىكتىكى ئامما نادىربەگنى ئىزدەپ كەلسىلا، ئىش مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئۇ ھەمىشە پۈتۈن زېھنى، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تەۋەلىكتىكى دېھقان - چارۋىچىلار ئۆيىدىكى چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە نادىربەگنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ كېلىشتۈرۈپ قويۇشىنى ياقتۇرىدىغان بولدى.

تەۋەلىك رايوننىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى نادىربەگ بەش قولدەك ئېنىق بىلىدۇ، كىمنىڭ ئۆيىدە ئالاھىدە كۆتۈنۈشكە تېگىشلىك ئىگە - چاقىسىز، ياشانغانلار بارلىقى، كىمنىڭ ئۆيىدە دەرھال ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك قىيىنچىلىق بارلىقى، ھەتتا كىمنىڭ ئۆيىنىڭ توك يولىنىڭ كونىراپ يوشۇرۇن خەۋپ ساقلانغانلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئېنىق سان بار.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تەۋەلىكتە كۆچمە نوپۇسلار كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە قارىتا، نادىربەگ تۈرلۈك تەشۋىقات خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنچىللىق قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، ئامانلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە، نادىربەگ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېگىزلىكنى چىڭ ساقلاپ، مۇھەببەتكە تولغان قەلبى بىلەن تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەرنى ئىللىتماقتا.

# مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا جەم بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىۋاسىتە كۆرسىتىلىۋاتاتتى، ساياھەتچىلەر بەس - بەستە قەدىمىنى توختىتىپ كۆردى، سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى. بوغدا كۆلى قىرغىقىدا «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» قاتارلىق ناخشىلارنىڭ مېلودىيەسىگە ئەگىشىپ، ساياھەتچىلەر ئىختىيارسىز ھالدا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە ئورتاق بەخت تىلىدى. شۇ كۈنى، تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 10 مىڭدىن ئاشتى.

جەۋلان قىلىپ تۇرغان 200دىن ئارتۇق بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە باغراش كۆلى داخېكوۋ مەنزىرە رايونىدىكى گۈزەل مەنزىرە لىنىيەسىگە ئايلاندى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بۇ مەنزىرە رايونى كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا ئون كۋادرات مېتىر كېلىدىغان LED ئېكرانى ئورنىتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى كۆرسىتىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ كۆرۈشىگە قولايلىق ياراتتى. مەنزىرە رايونىدىكى پىرىستانىغا غايەت زور تۇغۇلغان كۈن تورتى تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ، بۇ مەنزىرە رايونى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن مەخسۇس ياسىغان تورت ئىدى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» دېگەن ناخشىنى ئۈنلۈك ئورتاق ئېيتىپ، تۇغۇلغان كۈن تورتىدىن بىرلىكتە بەھرىلەندى، كەيپىيات ئىنتايىن قىزغىن بولدى.

10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، باغراش كۆلى داخېكوۋ مەنزىرە رايونى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى. بەزى ساياھەتچىلەر كاتېرغا ئولتۇرۇپ كۆل يۈزىدە ئۇچقاندەك ماڭدى، بەزىلىرى كۆل بويىدىكى ئىستىراھەت رايونىدا ئارام ئالدى، بەزىلىرى ساھىلدا ساھىل ۋالىبولى ئويناش، ئاپتاپقا قاقلىنىش، قۇم ھەيكەل ياساش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ ئىنتايىن ئەركىن - ئازادە بولدى، مەمنۇن بولدى. شىنجاڭ باغراش كۆلى ساياھەت چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جاڭ چېكەي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، مەنزىرە رايونى يەنە قىزىل ناخشا ئېيتىش، ھەربىي پاراتنى قايتا كۆرۈش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ناخشا - ئۇسسۇل ئويۇنى قويۇش قاتارلىق تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ساياھەتچىلەرگە ساياھەت ئوزۇقى سوۋغا قىلىدۇ.

ئاقسۇ دولان قەبىلىسى مەنزىرە رايونىدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 3000دىن ئارتۇق ساياھەتچى يۈزىگە دۆلەت بايرىقى چاپلىقىنى چاپلاپ، دۆلەت بايرىقىنى يۇلاڭلىتىپ، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى، نۇرغۇن كىشى دۆلەت بايرىقى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى ھەمدە بەخت تىلەش تېمىغا ۋەتەنگە بولغان گۈزەل تىلەكلىرىنى قالدۇردى. دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، بۇ مەنزىرە رايونى يەنە خوراز سوقۇشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق مىللىي ئۆرپ - ئادەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ، ساياھەتچىلەر يەنە دولانلىقلار ناخشا - ئۇسسۇلىنى ھەقسىز كۆرەلەيدۇ، دولان مىللىي ئۆرپ - ئادەت توي مۇراسىمى قاتارلىقلارنى ھېس قىلالايدۇ.

تۇرپان شەھىرى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ساياھەت يۇقىرى پەللىسىنى كۈتۈۋالدى. كارىز، يالقۇنتاغ، يارغول قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق مەنزىرە رايونلىرى ساياھەتچىلەر بىلەن لىق تولدى. يالقۇنتاغ مەنزىرە رايونىدا قانات يايدۇرۇلغان «ۋەتەنگە بەخت تىلەش» سۆز قالدۇرۇش تېمى پائالىيىتىگە شۇ كۈنىلا 5000دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

شىنجاڭنىڭ كۈزلۈك گۈزەل مەنزىرىسى نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. «10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 8دىن ئاشقاندا، 500دىن ئارتۇق ساياھەتچى مەنزىرە رايونىغا كەلدى.» 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، خوتەن شەھىرى قۇملۇق توغراق ئېكولوگىيەلىك مەنزىرە رايونىنىڭ مەسئۇلى جوۋ يۈك تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىشنىڭ تۇنجى كۈنىلا بۇ مەنزىرە رايونى 8000 ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى.